# جەننەت مۆمىنلەر ئۈچۈن

# ئاللاھنىڭ بىشارىتى

[ئۇيغۇرچە]

## الجنة بشارة الله للمؤمنين

[باللغة الأويغورية]


خاتىپ: شەيخ سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئال-تالىب

الخطيب: الشيخ صالح بن محمد آل طالب

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008

# جەننەت مۆمىنلەر ئۈچۈن بىشارەتتۇر

2008-يىلى 09-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى جۇمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرمەدە جۇمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

"ئىبادەت قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ جەننەت بىلەن بىشارەت بەردى " دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيە لەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللادىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ ئابىدلارغا جەننەت بىلەن بىشارەت بەرگەن، ئۇلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلغان. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە:"پەرۋەردىگارىنىڭ ماقامىدىن قورققان كىشى ئۈچۈن قوش جەننەت باردۇر". جەننەتتىن سۆز ئېچىش ئىنسانغا تىرىياقتا ئوخشاش تەسەللىي ۋە روھى ئوزۇقتۇر. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىش ئاللاھ تەرەپتىن بېرىلگەن بىشارەتتۇر. ياخشى ئەمەلنى كۆپ قىلغانسېرى ئىنساننىڭ قەلبى جەننەتكە تەلپۈنىدۇ. جەننەت ھەقىقەتەن ياخشى ئەمەل قىلغان، ئىبادەت قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان جايىدۇر. جەننەت ئەۋلىيالار، ئەنبىيالارنىڭ جايىدۇر. جەننەت ھەققىدە سۆز قىلىش روھلارنى ئۇرغۇتىدۇ، ئىنسانغا گۈزەل

باغ، بوستانلارنى ئەسلىتىدۇ. جەننەت ئىنسانغا ھىممەت قىلىشقا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرگە دىلنى يۇمشىتىدۇ، ھىممەتنى ئاشۇرىدۇ، روھنى تازىلايدۇ، ئەھلى ئىمانغا بىشارەت بېرىدۇ. جەننەتكە لايىق بولغانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا جەننەتتە نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقى، جەننەتتىكى نازۇ-نېمەتلەرنىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. جەننەتتە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كىلىدىغان ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ. جەننەتتىكى سارايلار بۇ دۇنيادىكى ھەرقانچە كۆركەم سارايلاردىن كۆركەم ۋە ئازادە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تەسۋىرلەپ:"جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان نېمەتلەر بار" دەيدۇ. جەننەتتىكى مېۋىلەر، گۈزەل قىزلار، ئۈنچە مەرۋايىتلار، سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئېپار -زەپەلەردىن ياسالغان ئەتىرلەر، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا-پەتنۇسلار باردۇر.

جەننەتتىكى ئاياللارنىڭ تەسۋىرى شۇنداقكى، ئاياللارنىڭ تاشقى جامالى شۇنداق گۈزەل بولغاندىن سىرت ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكى شۇنداقكى، ئۇلاردىن بىرى دۇنياغا ئۆزىنى كۆرسەتسە ئاسمان-زىمىن خۇشپۇراق ئەتىرگە چۆمۈپ كېتىدۇ. دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلغان ئاياللار جەننەتتە شۇنداق ھۆرلىئەيىن بولۇشقا لايىق بولۇپ دۇنيادا ياخشى كۆرگەن جۈپتى بىلەن بىرگە بولالايدۇ. جەننەت ئەھلىگە نىدا قىلغۇچى شۇنداق نىدا قىلىدۇكى، ئى جەننەت ئەھلى پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ زىيارىتىڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ، قېنى زىيارەت قىلىڭلار دەيدۇ، جەننەت ئەھلى دەرھال لەببەي ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، رەببىنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، ساپالاردا ئولتۇرىشىدۇ، پۈتۈن ئەتراپ نۇرغا تولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نۇرى بىلەن تەجەللى قىلىدۇ. ئۇلار

بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايدۇ دە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئى جەننەت ئەھلى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەيدۇ دە بارلىق جەننەت ئەھلى ئەللاھۇممە ئەنتەسسەلام ۋەمىنكەسسالام تەبارەكتە رەببەنا يازەلجەلالى ۋەلئىكرام دەيدۇ. قىنى قېرىنداشلار! يەڭلىرىمىزنى تۈرۈپ بۇ ئۇلۇغ ئاينى چىقىش قىلىپ ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە تىرىشايلى.